ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە «100 شەھەر، 1000 ناھىيە، 10 مىڭ كەنتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى»

قاراماي شەھىرى شوگەي كەنتى:

«پادىچىلار»نىڭ يېڭى تۇرمۇشى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يوۋجۈن قاراماي مۇخبىرلار پونكىتىدىن گاۋ يۈفېي**

پاكىز ئاسفالت يول، چىرايلىق ئەمىن ئۆي، روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە يۇقراۋى قونالغۇ، كەنتنىڭ يېپيېڭى قىياپىتى 62 ياشلىق كەنت ئاھالىسى ماقسۇتقان . جاۋ لاۋچىنى ئىنتايىن پەخىرلەندۈردى: «مۇھىت شۇنچە گۈزەل، يانچۇقتا پۇل كەم ئەمەس، يېڭى يېزىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرمەكچى بولساڭلار، شوگەي كەنتىگە كېلىڭلار».

قاراماي شەھىرىنىڭ قاراماي رايونى شوگەي يېزىسى شوگەي كەنتى قازاق چارۋىچىلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنت، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش، خاس ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، كەنتنىڭ كونا قىياپىتى يېڭىلىنىپ، ئىلگىركى «پادىچىلار» بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى.

كەنت قىياپىتى سۈرەتتەك گۈزەل بولۇش

«قاراڭ، بۇ، ھۆكۈمەت بىرتوتاش سېلىپ بەرگەن 100 نەچچە كىۋادرات مېتىرلىق ئۆي، ئىچىدىكى ئەسلىھەلەر شەھەردىكى بىنا ئۆيلەردىكىدىن قېلىشمايدۇ.» شوگەي كەنتىدە سەيلە قىلىۋاتقاندا، ماقسۇتقان قاتار - قاتار چىرايلىق ئەمىن ئۆيلەرنى ئەنە شۇنداق تونۇشتۇردى.

ئىلگىرى، كەنت ئاھالىلىرى كېسەك ئۆيدە ئولتۇراتتى، تېزەك ۋە ئەخلەت ئارىلاش توپا يولدا ماڭاتتى. كەنت ئاھالىلىرى ئۆيىنىڭ ئالدى - كەينىدە كالا، قوي بېقىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، كەنتنىڭ مۇھىت تازىلىقى بىرقەدەر ناچار ئىدى.

ئالدىنقى يىللاردا، كەنتتە ئەمىن تاپقۇزۇپ خەلقنى بېيىتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى، ماقسۇتقان كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىللە كونا ئۆيلەردىن كۆچۈپ چىقىپ، پاكىز، ئازادە، يورۇق ئەمىن ئۆيلەرگە كىرىپ ئولتۇردى. ئۆيدە زامانىۋى تۇرمۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق بولۇپ، يەنە ئادەم بىلەن چارۋىنى ئايرىۋېتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

شۇنداق بولۇپلا قالماي، كەنتنىڭ يوللىرى قاتتىقلاشتۇرۇلدى، ئىچىدىغان سۇ بىۋاستە ئىچىشكە بولىدىغان تۇرۇبا سۈيىگە ئۆزگەردى، يەنە ئەخلەت ساندۇقى قويۇلدى، ھەر ھەپتىدە ئەخلەتلەرنى تازىلاپ توشۇيدىغان مۇھىت تازىلىقى ئاپتوموبىللىرى بار بولدى.

2018 - يىلدىن بۇيان، كەنت مەركىزىدىكى 30 مو قاقاسلىقتا تاش ئالما كۆچىتى، ئالما كۆچىتى تىكىلىپ، تاش ئالما كوچىسى، ئالما كوچىسىدىن ئىبارەت ئىككى مەنزىرە كوچىسى شەكىللەندى، كەنتنىڭ غەربىي ۋە شىمالىغا ئايرىم - ئايرىم بوراندىن مۇداپىئەلىنىش ئورمىنى تىكىلدى. كەنتنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىدا چىراغ نۇرى ئارقىلىق يورۇتۇش، ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى ئارقا - ئارقىدىن تاماملىنىپ، كەنت رەڭگارەڭ «كىچىك بولماس شەھەر»گە ئايلاندى.

كەنت ئاھالىلىرىنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى شۇكى، 2019 - يىلى، شوگەي كەنتى «جۇڭگودىكى گۈزەل ئىستىراھەت يېزا - كەنتى» تىزىملىكىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

«كەنتىمىز باغچىغا ئوخشايدۇ! بالامنىڭ شەھەر رايونىدا ئۆيى بار، لېكىن مېنىڭ ‹داچا›دا تۇرۇپ، ياشانغاندا راھەت كۈتۈنگۈم بار» دېدى ماقسۇتقان.

كۆپ مەنبەدىن كىرىمنى كۆپەيتىپ كەنت ئاھالىلىرىنى بېيىتىش

«مەن بۇ يىل ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا 7000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپتىم» دېدى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى 62 ياشلىق كەنت ئاھالىسى ساۋ لىفۇ خۇشال ھالدا.

ساۋ لىفۇ ئائىلىسى ئىككى مودىن كۆپرەك ھويلىسىنىڭ 1.3 موسىغا ئالما كۆچىتى، ئالۇچا كۆچىتى تىككەن ۋە لازا، شوخلا قاتارلىق كۆكتاتلارنى تېرىغانىدى.

«كۆكتات مايسىلىرىنى كەنت ۋە يېزا ھەقسىز تەمىنلەيدۇ، سۇمۇ ھەقسىز. كۆكتات، مېۋە - چېۋىلەر پىشقاندا كەنت ياردەملىشىپ شەھەر رايونىغا ئاپىرىپ سېتىشىپ بېرىدۇ» دېدى ساۋ لىفۇ.

قاراماي شەھىرى قاراماي رايونلۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىدىن شوگەي كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ۋاڭ رۇي مۇنداق دېدى: «بۇ بىرنەچچە يىلدا كەنت دېھقان - چارۋىچىلارنى ھويلا - ئاران تېرىقچىلىقى بىلەن باقمىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلىدى ۋە ياردەم بەردى ھەم بىرتوتاش سېتىش بىلەن ساياھەتچىلەر ھويلا - ئاراندا ئۆزلىرى ئۈزۈپ ھېس قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشىغا ياردەم بەردى.

ساۋ لىفۇ يەنە يۇقراۋى قونالغۇ ئېچىپ، بۇلتۇر 5000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپتى.

2018 - يىلدىن بۇيان، شوگەي كەنتى ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خاس يۇقراۋى قونالغۇدىن 20 نەچچىنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چەۋەندازلىق بازىسى، خۇش پۇراق ئۆسۈملۈك باغچىسى، يۇلتۇزلۇق ئاسمان ئۆيى قاتارلىق «ۋاڭخۇڭ» داكا مەنزىرە نۇقتىسى قۇرۇپ، سەيلە قىلىش - ئۆگىنىش، چەۋەندازلىق بويىچە مەشىقلەندۈرۈش قاتارلىق تۈرلەرنى ئېچىپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ ساياھەتچىلىك ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتتى.

«يەر ھۆددە ھەققى، ھويلا - ئاران ئىگىلىكى، يۇقراۋى قونالغۇ كىرىمىگە تۈرلۈك ياردەم تولۇقلىمىسى ۋە يىل ئاخىرىدا كەنت كوللېكتىپىنىڭ پايدا تەقسىماتىنى قوشقاندا، ئەر - خوتۇن ئىككىمىز بىر يىلدا ئاز دېگەندە 70 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىمىز، كۈنلىرىمىز ناھايىتى ياخشى!» دېدى ساۋ لىفۇ.

بۇنداق كىرىم سەۋىيەسى شوگەي كەنتىدە ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدۇ. ۋاڭ رۇي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇلتۇر شوگەي كەنتىنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى 28 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى.

مەدەنىيلىك يېڭى كەيپىياتى ئارقىلىق قەلب ئېتىزىنى ئوزۇقلاندۇرۇش

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سائەت 20لەردە، كەچلىك تاماقنى يەپ بولغان كەنت ئاھالىسى ئىسقاق جەتبىس ئېتىنى يېتىلەپ كەنتنىڭ بەيگە مەيدانىغا كەلدى. ھەر كۈنى ئات مىنىپ بەيگە مەيدانىدىكى قۇملۇقتا نەچچە ئايلىنىش ئۇنىڭغا ناھايىتى ياقىدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى ئات بەيگىسى قىلماقچى بولساق، دالىغا بېرىپ بوش يەر تېپىپ مەيدان راسلايتتۇق. ھازىر، يۇمشاق قۇم ياتقۇزۇلغان بۇ بەيگە يولىغا قاراڭ، ئات چاپتۇرۇش ھەققەتەن ئوخشىمايدۇ».

بۇلتۇر 10 - ئاينىڭ بېشىدا، شوگەي كەنتىدە ھالقىسمان يېپىق مۇسابىقە يولى بار كەسپىي بەيگە مەيدانى قۇرۇلدى، بوش ۋاقىتلىرىدا بەيگە مەيدانىغا بېرىپ مەشىق قىلىش ئىسقاق تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى.

ۋاڭ رۇي مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى كۈندە، بارغانسېرى كۆپلىگەن كەنت ئاھالىسى مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. شوگەي كەنتىدە ئارقا - ئارقىدىن بەيگە مەيدانى، ۋاسكېتبول مەيدانى، چېنىقىش ئۆيى ھەمدە ئىستىراھەت مەيدانى قاتارلىقلار قۇرۇلدى، يەنە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەت ئۆيى، دومبىرا مەدەنىيەت مەيدانى كېڭەيتىپ قۇرۇلدى، يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى تولۇق رەڭلىك LED ئېكران، كەسپىي سەھنە چىراغلىرى ھەم ياڭراتقۇ قاتارلىقلار ئورنىتىلىپ، خىلى سۈپەتلىك «يېزا - كەنت چوڭ سەھنىسى» بەرپا قىلىندى.

مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلدى. كەنتتە كەنت ئاھالىسى مەدەنىيەت ئەترىتىدىن بەشى تەشكىللەپ قۇرۇلۇپ، تۈرلۈك پائالىيەتلەر جانلىق ئېلىپ بېرىلدى. چاغان، دۆەنۋۇ بايرىمى، دۆلەت بايرىمى قاتارلىق بايراملاردا ھەرخىل ئۆزگىچە پائالىيەتلەر تېخىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان بولدى.

«ئىلگىرى مەن ھاراق ئىچىش، قارتا ئويناشقا ئامراق ئىدىم، ھازىر ئات مىنىش، ئويۇن كۆرۈشكە ئامراق؛ خوتۇنۇم ئىلگىرى سىرتقا چىقىشنى خالىمايتتى، ھازىر كەنتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تايانچىسى بولۇپ قالدى؛ قىزىم كۆەيبەننى ياخشى ئورۇنلايدۇ، ئۇنىڭ نومۇرى كەنتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىنىڭ نادىر نومۇرى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ھازىر ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتىدۇ» دېدى ئىبىسداك پەخىرلەنگەن ھالدا.

«مول، رەڭدار، پائال يۇقىرى ئۆرلەيدىغان مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى ۋە ئۆستۈردى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش غەيرىتى تېخىمۇ ئاشتى» دېدى ۋاڭ رۇي.

ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش غەلىبە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى

—— دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى چيۇ خەيبونى زىيارەت

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن**

بۇ نۆۋەتلىك يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ بىرتوتاش ئورۇنلاشتۇرمىسىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈردى، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىمۇ تەرتىپلىك ئىشلەنمەكتە.

يېقىندا، بىر قىسىم ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، قىسمەن كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارمۇ تېببىي كۆزىتىشتىن كەينى - كەينىدىن بىكار قىلىندى. 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا، يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، دۆڭنەن داشۆ قارىمىقىدىكى جۇڭدا دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى، پىروفېسسور چيۇ خەيبو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «شىنجاڭنىڭ بۇ قېتىم تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئۆتكىلىنى ئالدىغا سۈرۈشى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولدى، بۇ، شىنجاڭنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ دوختۇرخانىغا بېرىش ۋاقتى ئىنتايىن بالدۇر بولدى، بۇنى بىز ئىلگىرى ئۇچرىتىپ باقمىغان.» چيۇ خەيبو مۇنداق دېدى: شىنجاڭدا ھەر ھەپتىدە بىر قىسىم نۇقتىلىق ئىش ئورنىدىكى نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا قارىتا نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن نوكلېئىك كىسلاتاسى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇسبەت چىققانلار ناھايىتى تېزلا ئىلغاپ تەكشۈرۈپ چىقىلدۇ. كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار دەل ۋاقتىدا بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش دوختۇرخانىسىغا قوبۇل قىلىنىپ تېببىي ئايرىپ كۆزىتىلىپ، ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك ئارىلىشلىدى ۋە ئوزۇقلۇقى كۈچەيتىلدى، بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان كېسەللىك مىسالىغا ئايلىنىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولدى.

چيۇ خەيبو تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا يېنىك تىپتىكى، ئادەتتىكى تىپتىكى ئاغرىقلارنىڭ ئېغىر تىپقا ئۆزگىرىپ كېتىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولدى، بۇمۇ بۇ قېتىمقى يۇقۇمنى كىلىنىكىلىق كۆزىتىشتىكى بىرقەدەر روشەن ئالاھىدىلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېرىمىدىن كۆپرەك ئادەتتىكى تىپتىكى ئاغرىقلاردا ھەتتا كىلىنىكىلىق كېسەللىك ئالامەتلىرىمۇ كۆرۈلمىدى، پەقەت رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بىر قىسىم ئۆزگىرىش بولدى، رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۆپكىنىڭ تەسىرگە ئۇچراش دائىرىسىمۇ ئىنتايىن كىچىك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ قېتىمقى يۇقۇمدىكى ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىش سۈرئىتى بىرقەدەر تېز بولۇپ، يۇقۇم يۈزبېرىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ئاغرىقلار ئارقا - ئارقىدىن دوختۇرخانىدىن چىقىشقا باشلىدى.

«بۇ، شىنجاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرىنىڭ دەسلەپكى داۋالاشنى مۇكەممەللىككە ئايلاندۇرغانلىقى، شۇنداقلا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىنى توسۇشتىكى مۇھىم سەۋەب بولۇپ قالغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى» دېدى چيۇ خەيبو. ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئىدارىسى جۇڭگو كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش قوشۇنى ھەم قەشقەردىكى يەرلىك تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش كۈچلىرى بىلەن بىرلىكتە قانات يايدۇرغان تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش نەتىجىسى كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى يۇقۇمنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە يۈزبەرگەن يۇقۇم ۋىرۇسى بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى كۆرسەتتى. «بۇ خىل ئوخشاش بولمىغان تىپنىڭ بۇ قېتىمقى يۇقۇمدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسنىڭ زەھەر كۈچىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان - بولمىغانلىقىنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىۋاتىدۇ ۋە كۆزىتىۋاتىدۇ، بۇمۇ بىز قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىدە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىش» دېدى چيۇ خەيبو.

«قىش پەسلى كىردى، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.» چيۇ خەيبو مۇنداق تەكلىپ بەردى: مەھەللىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە ياشانغانلار ھەم قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بىلەن يۇقۇملىنىش ئېھتىماللىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك، بولۇپمۇ بىرقەدەر كۆپ ئاساس خاراكتېرلىك كېسىلى بار ياشانغانلارنىڭ يۇقۇملانغاندىن كېيىن ئېغىر تىپقا، خەتەرلىك ئېغىر تىپقا ئايلىنىش يۇقىرى خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

مىقدارى زور، ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر، ئىلگىرى بۇ ناھىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام خەلق ئىشلىرى كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن، «تۆۋەن كاپالەتتىن ئايرىلىپ قېلىش» «تۆۋەن كاپالەتتىن چۈشۈپ قېلىش» قاتارلىق مەسىلىلەر كۆرۈلگەنىدى، كەنت دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى ياردەمچىلىرىنىڭ سەپلىنىشى بىلەن بۇ كەمتۈكلۈكلەر تولۇقلاندى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ناھىيەدىكى 389 كەنتنىڭ ھەممىسىگە بىردىن كەنت دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى ياردەمچىسى سەپلەندى، پۈتۈن ناھىيە دائىرىسىدە بىر تۈرلۈك ۋەزىپە چۈشۈرۈلسە، ئادەتتە ئىككى - ئۈچ سائەتتىلا نەتىجىسى كۆرۈلۈپ، خىزمەت ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆستى.

كەنت دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى ياردەمچىلىرىنى سەپلەش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ئاساسىي قاتلام خەلق ئىشلىرى مۇلازىمىتى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىپ چىققان بىر يېڭى يول. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لى يۇڭفېڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەربىر يېزا - بازار، كوچا باشقارمىسىغا پەقەت بىردىن ئىككىگىچە خەلق ئىشلىرى كادىرى سەپلەنگەن، مەمۇرىي كەنت ۋە مەھەللىلەردە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى خەلق ئىشلىرى خىزمەتچى خادىمى يوق، ئېغىر، مۈشكۈل خىزمەت ۋەزىپىسى ئالدىدا، ئاساسىي قاتلام خەلق ئىشلىرى قوشۇنىنى سەپلەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى كۈچەيتىش ئىنتايىن زۆرۈر.

2018 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچتۇرپان ناھىيەسى، يېڭىشەھەر ناھىيەسى، ئاۋات ناھىيەسى، قاراقاش ناھىيەسىدىكى 37 كەنتتە نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇپ، يۇرتىغا قايتقان ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزگەنلەرنى تاللاپ، تەربىيەلەپ، كەنت دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى ياردەمچىلىكىگە تەينلىدى. 2019 - يىلى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى كەنت دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى ياردەمچىلىرىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇپ، «ناھىيە تەكلىپ قىلىش، يېزا باشقۇرۇش، كەنت ئىشلىتىش»تىن ئىبارەت قوبۇل قىلىش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، كەنت دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى ياردەمچىلىرىنى يېزا - بازارلارنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورنىغا كىرگۈزۈپ باشقۇردى. ھازىرغا قەدەر، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا كەنت دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى ياردەمچىلىكىگە 3578 كىشى تاللاپ تەكلىپ قىلىندى.

لى يۇڭفېڭ مۇنداق بىلدۈردى: كەنت دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى ياردەمچىلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى ئالدىغا يۆتكەپ، يېزا باشقۇرۇش مۇلازىمىتىدىكى «ئاخىرقى ئۈچ نىرۋىسى»نىڭ ئىنكاسىنى تېخىمۇ سەزگۈرلەشتۈرۈپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى.

(بېشى 1 - بەتتە)

بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش دوختۇرخانىسى ئاغرىقلار رايونىنىڭ مۇدىرى جۇ يۈلۈك مۇنداق تونۇشتۇردى: يۇقىرىقى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرى دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش دوختۇرخانىسى بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل داۋالاش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، ئاغرىقلارنى داۋالاش لايىھەسىنى دەل ۋاقتىدا تەڭشىدى ۋە ئەلالاشتۇردى. دوختۇر - سېستىرالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى - داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سېزىلەرلىك ياخشىلاندى، ۋىرۇس نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 - نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش دوختۇرخانىسى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ كېسەللىك مەنبەسى ئىلمى كۆرسەتكۈچى ۋە ئۆپكە قىسمىنىڭ رېنتگېندىكى ھالىتىنى ئۇدا، قاتتىق كۆزىتىپ ئۆلچىدى، ئوزۇقلۇقنى كۈچەيتتى ۋە بەدەن ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن توققۇز يۇقۇملانغۇچىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ياخشىلاندى، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى نورمال بولۇپ، تېببىي كۆزىتىشنى بىكار قىلىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلدى.